# 125981 ـ دىنى ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ بىلگىنىگە ئەمەل قىلىشى ۋە نەپلە ئەمەللەرنى ئادا قىلىشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر

### سۇئال

ھازىرقى ۋاقىتتا كۆپلىگەن دىنى ئوقۇغۇچىلار كىچىلىك ناماز (تەھەججۇد نامىزى قاتارلىق) پەزىلەتلىك ئەمەللەرنى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئەجىر ساۋابىنى بىلىدۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈن ئۇلار بىلگىنىگە ئەمەل قىلمايدۇ؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

قۇرئان ۋە سۈننەتتە پەزىلىتى بايان قىلىنغان ئەمەللەر ئىككى تۈرلۈك بولۇپ:

بىرىنچى: پەرز قىلىنغان ئەمەللەر. كىم بولىشىدىن قەتئى نەزەر ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇ ئەمەللەرنى ئادا قىلىشتا ئاللاھدىن قورقۇشى زۆرۈربولغان، بەش ۋاقىت ناماز، زاكات، رامىزان روزىسىغا ئوخشاش پەرز ئىبادەتلەردىن ئىبارەتتۇر.

ئىككىنچى: مۇستەھەپ يەنى ئادا قىلىنىشى ياخشى كۆرۈلگەن ئەمەللەر. ئۇلار تەھەججۇد نامىزى، چاشكا نامىزى قاتارلىقلارغا ئوخشاش، مۇسۇلمانلارنىڭ بولۇپمۇ دىنى ساھەدىكىئىلىملىك كىشىلەرنىڭ بۇ ئەمەللەرنى تولۇق ئادا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى دىنى ئالىملارئىجتىمائىي جەمئىيەتتە كىشىلەرگە ئۈلگە ۋە يول باشلىغۇچىدۇر. بۇ ئەمەللەرنى دائىم ئادا قىلىپ بەزى ۋاقىتتا ئادا قىلالمىسا بۇنىڭ ھېچ زىيىنى يوق، چۈنكى بۇلار نەپلە ئەمەللەردىن ئىبارەتتۇر.

ئەمما پەرز نامازلار بىلەن بىرگە ئادا قىلىنىدىغان سۈننەت نامىزى ۋە تەھەججۇد نامىزى، چاشكا نامىزى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ياخشى ئەمەللەرنى داۋاملىق ئادا قىلىش ۋە بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش دىنى ئالىملارنىڭ ئالاھىدە سۈپىتى ھېسابلىنىدۇ.